# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 ـ يىل 3 ـ ئاي
14
يەكشەنبە
维吾尔文 3 月14日
25360 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65−0002/−W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57   تىيانشان تورى: www.ts.cn


## بۇ يىل شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى 30 مىليون توننىدىن ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لۇ فېڭباۋ**نىڭ جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئاشقان. 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگىچە، يۈك توشۇش مىقدارى 30 مىليون 196 مىڭ توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 12.8% ئاشقان.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يولۇچى ـ يۈك توشۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، پويىز مەنبەسى، مال مەنبەسى، يېتىپ بېرىش، يولغا چىقىش ئىقتىدارىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، توشۇشنىڭ راۋان، تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك قاتناش تىرەكى بىلەن تەمىنلىگەن.

شىنجاڭ تۆمۈريول يۈك توشۇش غول لىنىيەسى بولغان ئۈرۈمچى ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا كۈنىگە 45 قېتىمدىن ئارتۇق پويىز قاتنايدىغان بولۇپ، پويىز خادىملىرى ۋە پاراۋۇزغا بولغان ئېھتىياج زور دەرىجىدە ئاشتى، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى توشۇش كۈچى سېلىنمىسىنى كۈچەيتىپ، پويىز خادىمىدىن 110نى كۆپەيتىپ سەپلەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# ئۇلۇغۋار پىلاننى چىڭ كۆزلەپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشتا تۆرتكە بولۇش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئاچتى، يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىننىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى؛ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسى شۇجىلىرىنىڭ يىللىق خىزمەت دوكلاتىنى كۆرۈپ چىققاندا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم تەلىپىنىڭ روھى، ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلار يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن «13 ـ بەش يىل» مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغان، «14 ـ بەش يىل» باشلانغان، قەدەم ئېلىنغان مۇھىم تۈگۈن نۇقتىسىدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى يېڭى مۇساپىنى باشلىغان، دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى باسقۇچىغا قەدەم قويغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىككى يىغىن مەزگىلىدە ئېلان قىلغان مۇھىم سۆزى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بولۇپمۇ «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

بىرىنچىدىن، بايراق روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. «ئىككىنى قوغداش»نى ئالىي سىياسىي پرىنسىپ ۋە تۈپ سىياسىي قائىدە قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئۇلۇغۋار پىلاننى چىڭ كۆزلەپ، دادىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىشچانلارغا باھار بۇرۇن كېلىدۇ

## شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى 40 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ۋاڭ يۇگفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش كرېدىت مەبلىغى 43 مىليارد 375 مىليون يۈەن بولۇپ، پىلاننىڭ 80.75%نى ئورۇنداپ، ئىشلەپچىقىرىش تىجارەتچىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش كرېدىت مەبلىغى ئېھتىياجىنى نۇقتىلىق قاندۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلدى.

شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بالدۇر پىلانلاپ، بالدۇر ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، 54 مىليارد يۈەنگە يېقىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش كرېدىت تارقىتىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇردى، بۇ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4 مىليارد 800 مىليون يۈەنگە يېقىن كۆپ بولدى. 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش قەرز پۇلى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8 مىليارد 684 مىليون يۈەن ئېشىپ، ئېشىش ھەجمى 25.03%كە يېتىپ، 640 مىڭ ئائىلىدىكى 2 مىليون 230 مىڭ دېھقان ـ چارۋىچىغا نەپ يەتكۈزدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز ـــ مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتى باشلاندى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىيۇ مېڭمېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، 2021 ـ يىللىق «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز ـــ مەدەنىيەتنى ھەممە ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش» مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش بويىچە ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزدا باشلاندى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، تۇنجى تۈركۈمدىكى بەش شۆبە ئەترەت پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئېسىل مەدەنىيەت كاتتا زىياپىتى تەقدىم قىلىدۇ.

«بۇ يىلقى شۆبە ئەترەتلەر مەدەنىيەت ‹يەتكۈزۈش› بىلەن مەدەنىيەت ‹سىڭدۈرۈش›نى بىرلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى چوڭ سەنئەت يۇرتلىرى ـ ئۆمەكلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازارلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

### شۆھرەت زاكىر، شىن باۋئەن قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتى بىلەن بېيجىڭدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، مۇھىم، زور تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ پىلانلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شىن باۋئەن قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شۆھرەت زاكىر دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، قوللىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئېلېكتىر تورى چەكلىك شىركىتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «نورۇزگۈلى ئۈچرىششى» ئەڭ چوڭقۇر لېرىك ھېسسىيات

سۆز ھەممىگە

□ خوۋ خۇي

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە، بىر مەيدان ئالاھىدە «نورۇزگۈلدىن ھۇزۇرلىنىش» پائالىيىتى ۋۇخەندىكى لوجيا تېغى ئېتىكىدە ئۆتكۈزۈلدى. ۋۇخەن خەلقىنىڭ سەممىي مىننەتدارلىقى، دوختۇر ـ سېستىرالارنىڭ ھايات ـ ماماتتا بىللە بولغان چوڭقۇر «سەپداش»لىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى بولغان، شەپەق نۇرىدەك جىلۋە قىلغان نورۇز گۈللىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈپ باھاردىكى بەخت ۋە خۇشاللىقنى كۆتۈۋالغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

بۇ مەيدان «نورۇزگۈلى ئۇچرىششى» بىر يىل ئىلگىرىكى ئاشۇ پەۋقۇلئاددە باھاردا باشلانغان، شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 42 مىڭدىن ئارتۇق دوختۇر ـ سېستىرا ۋۇخەنگە ياردەمبېرىشكە بېرىپ، قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن جىسمى بىلەن ۋىرۇسقا توسۇپ زەربە بېرىشنىڭ پولات سېپىلىنى بەرپا قىلغانىدى. ئەينى چاغدا ئىمتاسلىقتا چۆمگەن ۋۇخەن كوچىلىرىدىكى نورۇزگۈللىرى ئۆزى

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن



ئۈرۈمچىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى.

□ گېزىتىمىزنىڭ ماتېرىيال سۈرىتى

جەۋلان قىلغان قىزىل بايراق

قىزىل ئىزنالار②

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى ياڭ شۇخەن، جيا چۈنشيا

ھەيۋەتلىك تىيانشان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە گۇۋاھ بولدى؛ كۆز يەتكۈسىز كوئېنلۈندا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 100 يىللىق تارىخىي مۇساپىسى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان كۈرەش قىلىش داستانى، تارىخ سەھىپىسىدە چاقنىغان ئۇلۇغ مۆجىزە، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن، ھەر مىللەت خەلق ئۈچۈن گۈزەل تۇرمۇش ياراتقان سەلتەنەتلىك سەھىپە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى ھەم ئاڭلىق ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەربىر مۇھىم، زور تارىخىي مەزگىل ۋە مۇھىم تارىخىي پەيتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە رىشتە باغلاپ كەلدى.

دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ خارابىگە ئايلانغان ھالەتتىن ھەممە كەسىپلەر روناق تېپىشقىچە، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن پۇقرالارنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ۋە ساغلاملىقىغىچە، چەت، يىراق، بېكىنمە ھالەتتىن قاتناش يوللىرى تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقىچە... شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى كىشىلەرگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىسا، بۈگۈنكى ئىناق، مۇقىم شىنجاڭنىڭ بولمايدىغانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشى بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

### بىر تال قىزىل يىپ باشتىن ـ ئاخىر تۇتاشتۇردى

100 يىللىق مۇساپە قاينام ـ تاشقىنلىققا تولدى، 100 يىللىق ئەسلىي مەقسەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى.



1950 ـ يىلى ئەتىيازدا، شىنجاڭ تۇپرىقىدا قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان چوڭ ئىشلەپچىقىرىش قانات يايدۇرۇلدى. 1 ـ ئىيۇل پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قاتارلىق بىر تۈركۈم زامانىۋى زاۋۇتلار قەد كۆتۈردى. □ ماتېرىيال سۈرەت

100 يىللىق قاينام ـ تاشقىنلىق يىللارنى ئەسلىسەك، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە رىشتە باغلاپ، باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولۇشى ئۈچۈن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن مىسلىسىز جاپالىق كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان مەدھىيە ناخشىسىنى پۈتتى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى، يۇ شيۇسۇڭ قاتارلىق زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ھەممىلا يەردە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى، شېڭ شىسەينىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىش، پاك ـ دۇرۇس بولۇش، مىللەتلەر باراۋەر بولۇش»تىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى تۈزۈشكە ياردەم بەردى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاشلىق كەمچىل بولۇش ئەندىشىسى قالمىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)